شى جىنپىڭ جۇڭگو ـ ئافرىقا رەھبەرلىرى ئۇچرىشىشىغا رىياسەتچىلىك قىلدى

شى جىنپىڭ كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رەھبەرلىرى ئۇچرىشىشىغا قاتناشتى

شى جىنپىڭ جۇڭگو ـ رۇسىيە ـ ھىندىستان رەھبەرلىرى ئۇچرىشىشىغا قاتناشتى

شى جىنپىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا جەنۇبىي ئافرىقا زۇڭتۇڭى رامافوسا، ھىندونېزىيە زۇڭتۇڭى جوكو، گېرمانىيە زۇڭلىسى مېركېل، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى گۇتېررېس بىلەن كۆرۈشتى

تەپسىلاتى 3 ـ بەتتە

2019 ـ يىل 6 ـ ئاي

29

شەنبە

维吾尔文 6月29日

# شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى

新疆日报网: www.xjdaily.com

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

新疆日报

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24741 ـ سان بۈگۈن 4 بەت

# شى جىنپىڭ 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرىنىڭ 14 ـ قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى

## ئېچىش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قېزىپ، يەر شارىۋى ئىدارە قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەرەققىياتتىكى بوغما ھالەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىختىلاپلارنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى

## جۇڭگونىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىش مۇھىم، زور تەدبىرلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقىنى جاكارلىدى

■ 20 دۆلەت گۇرۇھى ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئېچىش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قېزىشى؛ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، يەر شارىۋى ئىدارە قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى؛ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىلگىرىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىياتتىكى بوغما ھالەتنى بۇزۇپ تاشلىشى؛ ھەمراھلىق روھىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىختىلاپلارنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. جۇڭگو بازارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېچىۋېتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ تېخىمۇ گۈزەل ئەتىسىنى يارىتىش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشىدۇ.

■ خەلقئارا پۇل مۇئامىلە كرىزىسى يۈز بېرىپ ئون يىلدىن كېيىن، دۇنيا ئىقتىسادى يەنە بىر قېتىم تۆت كوچا ئېغىزىغا كېلىپ قالدى. 20 دۆلەت گۇرۇھىنىڭ ئاچقۇچلۇق پەيتتە دۇنيا ئىقتىسادى ۋە يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن يۆنىلىشنى توغرا ئىگىلەش، بازار ئىشەنچىنى ئاشۇرۇپ، خەلققە ئۈمىد ئېلىپ كېلىش مەسئۇلىيىتى بار. بىز ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلىپ، بازارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلپىگە ئۇيغۇنلىشىشىمىز كېرەك؛ تەرەققىيات زور ۋەزىيىتىنى ئىگىلەپ، تېخىمۇ چوڭ ئېچىۋېتىش ئارقىلىق تەرەققىيات پۇرسىتىگە قۇچاق ئېچىپ، تېخىمۇ ياخشى ھەمكارلىق ئارقىلىق ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىشنى كۆزلەپ، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشنى توغرا يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشقا يېتەكلىشىمىز كېرەك؛ ئورتاق كەلگۈسىنى كۆڭلىمىزگە پۈكۈپ، مەۋقەنى ئورتاق مەنپەئەتكە قويۇپ، يىراق كەلگۈسى تەرەققىياتنى كۆزلەپ، دۇنيانىڭ ئۇزاق تىنچلىقى، گۈللىنىشى، ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ خاتىرجەم ياشىشى، خۇشال ـ خۇرام ئىشلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كۈچ چىقىرىشىمىز كېرەك.

■ ھازىر، جۇڭگو ئىقتىسادى مۇقىملىق ئاساسىدا ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى. بىز يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بىرقانچە مۇھىم، زور تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سىرتقا ئېچىۋېتىش يېڭى ۋەزىيىتىنى تېزدىن شەكىللەندۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرىمىز. بىرىنچى، بازارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېچىۋېتىمىز. ئىككىنچى، ئىمپورتنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن كېڭەيتىمىز. ئۈچىنچى، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى سىجىل ياخشىلايمىز. تۆتىنچى، باراۋەر مۇئامىلىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويىمىز. بەشىنچى، ئىقتىساد ـ سودا سۆھبىتىگە زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولىمىز.

■ جۇڭگونىڭ ئۆزىنىڭ يولىدا ياخشى مېڭىپ، ئۆزىنىڭ ئىشىنى ياخشى قىلىپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن تىنچلىقتا بىللە تۇرۇپ، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى ئورتاق قۇرۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ تېخىمۇ گۈزەل ئەتىسىنى يارىتىش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە ئىشەنچى بار.




6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرىنىڭ 14 ـ قېتىملىق باشلىقلار يىغىنى ياپونىيەنىڭ دابەندە ئۆتكۈزۈلدى. دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ قاتناشتى ھەم «قول تۇتۇشۇپ ئورتاق ئىلگىرىلەپ، كۈچنى بىرلەشتۈرۈپ يۇقىرى سۈپەتلىك دۇنيا ئىقتىسادى بەرپا قىلايلى» دېگەن تېمىدا مۇھىم سۆز قىلدى.
□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى شيې خۇەنچى فوتوسى




6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرىنىڭ 14 ـ قېتىملىق باشلىقلار يىغىنى ياپونىيەنىڭ دابەندە ئۆتكۈزۈلدى. دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ قاتناشتى ھەم «قول تۇتۇشۇپ ئورتاق ئىلگىرىلەپ، كۈچنى بىرلەشتۈرۈپ يۇقىرى سۈپەتلىك دۇنيا ئىقتىسادى بەرپا قىلايلى» دېگەن تېمىدا مۇھىم سۆز قىلدى. بۇ شى جىنپىڭنىڭ يىغىنغا قاتناشقان باشقا رەھبەرلەر بىلەن چۈشكەن سۈرىتى.
□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى خۇاڭ جىڭۋېن فوتوسى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، دابەن، 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار سۈن يۈڭ، گاڭ يې، لو جۈن) 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرىنىڭ 14 ـ قېتىملىق باشلىقلار يىغىنى 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ياپونىيەنىڭ دابەندە ئۆتكۈزۈلدى. دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ قاتناشتى ھەم «قول تۇتۇشۇپ ئورتاق ئىلگىرىلەپ، كۈچنى بىرلەشتۈرۈپ يۇقىرى سۈپەتلىك دۇنيا ئىقتىسادى بەرپا قىلايلى» دېگەن تېمىدا مۇھىم سۆز قىلىپ مۇنداق تەكىتلىدى: 20 دۆلەت گۇرۇھى ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئېچىش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قېزىشى؛ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، يەر شارىۋى ئىدارە قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى؛ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىلگىرىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىياتتىكى بوغما ھالەتنى بۇزۇپ تاشلىشى؛ ھەمراھلىق روھىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىختىلاپلارنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. شى جىنپىڭ جۇڭگونىڭ بازارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېچىۋېتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ تېخىمۇ گۈزەل ئەتىسىنى يارىتىش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. **(سۆزىنىڭ تولۇق تېكىستى 2 ـ بەتتە بېرىلدى)**

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 9 ـ نۆۋەتلىك 7 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلدى

«ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، دىققەتنى ‹ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش›تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى

## ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتى يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى  چېن چۈەنگو سۆز قىلدى

تەپسىلاتى 4 ـ بەتتە